ۋەتەندىن ئارتۇق تەخت يوق،
ئىستىقلالىيەتتىن ئارتۇق بەخت يوق.

# ئۇيغۇرىستان

1994 نويابىر 11(23) سان

«ۋەتىنىمىزدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر كۈرەش قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن بەراۋەرلىك ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. بەراۋەرلىك ھوقۇق ئورنىغا ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان خەلق ئاستا-ئاستا مۇنقەرىز بولۇپ يوقاپ كېتىشنىڭ ئورنىغا، «ياكى ئۆلۈم ياكى كۈرۈم» دەپ قولىغا قورال ئېلىپ، كۈرەش مەيدانىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى» — ئە. قاسىمى.

ئۇيغۇرىستاننى ئازات قىلىش تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنى. ئايدا بىر چىقىدىغان ئىجتىمائىي-سىياسىي گېزىت.

ھاشىر ۋاھىدى
(ئۇ. ئا. ت. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى)

## 1944-1949-يىللاردىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تەجرىبە-ساۋاقلىرى.
## (تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن)

### ئەسلىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى كىملەر، نېمە مەقسەت بىلەن قانداق ئۇيۇشتۇرغان؟

1944-يىلدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەت باشلىنىش ھارپىسىدا، ئۇيغۇرىستاندىكى سىياسىي ۋەزىيەت مۇنداق ئىدى: 1941-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، نېمىس فاشىست باسقۇنچىلىرى موسكۋا تۈۋىگە يېتىپ كەلگەن، لېنىنگرادنى قورشاۋغا ئالغان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۆلىشى بىلەن تەختكە چىقىپ، ئۇيغۇرىستاندا 10 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان شېڭ شىسەي، سوۋېتتىن يۈز ئۆرۈپ، گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بولسا، فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولغىنىغا قارىماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرى بىلەن يېقىنلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىدىغان «كوممۇنىزم خەۋپى»دىن ساقلىنىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا ئۇيغۇرىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئەنگلىيەنىڭ، ئامېرىكىنىڭ كونسۇلخانىلىرى ئېچىلىپ، رەسمىي ئىشقا كىرىشكەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭلا چەكلەنمەستىن، ئۇيغۇرىستان يېرىدە ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرۇش، ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، س س س رغا قارشى راكېتىلارنى ئورنىتىش توغرىلىق خىتاي-ئامېرىكا كېلىشىمى ئىمزالانغان ئىدى. ئەگەر بۇ كېلىشىملەر ئورۇنلىنىدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە تەھدىت سالاتتى. سوۋېت ھۆكۈمرانى ئۇرۇشنىڭ قىيىن پەيتىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيادا چوڭ ھەربىي كۈچلەرنى توختىتىشقا، ئۇنى تولۇق تەمىنلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئىككىنچىدىن: ئامېرىكا دۆلىتى 1943-يىلىلا ئاتوم بومبىسىغا ئىگە بولغان ئىدى. بۇ ئاتوم قۇراللىرىنىڭ دەسلەپكى «بوۋىقى» بولسىمۇ، شۇ زاماندا ئەڭ دەھشەتلىك قورال ھېسابلىناتتى. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ خۇددى شۇنداق قوراللارغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. ئاتوم بومبىسىنى ياسايدىغان «ئۇران» بولسا، ئۇيغۇرىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا كاللەك-كاللەك ھالدا، ئۇچۇقلا ياتقانلىقىنى، ئۇنى كولاپ ئاۋارە بولمايلا ئېلىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى سوۋېت ئىنژېنېرلىرى بىلەن رازۋېتچىكلىرى ئالدىقاچان ئېنىقلىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بايلىقلارمۇ تولۇپ ياتاتتى.

ئۈچىنچىدىن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۆلىشى بىلەن 1933-يىلى غوجانىيازنىڭ قوزغىلىڭىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇيغۇرىستاننىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىۋالغان شېڭ شىسەي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن قىيىن پەيتتە، ۋاپاسىزلىق قىلىپ، يۈز ئۆرۈپ كەتكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كېلىپ، ئىشلەپ بېرىۋاتقان ئىنژېنېر-مۇتەخەسسىسلىرىنى، شەرقىي چېگرىسىنى ساقلاپ بېرىۋاتقان ئەسكەرلىرىنى شۇنىڭدەك ئۈرۈمچى تۇدۇڭخاباددىكى ئايروپىلان ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇدنىڭ خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ستالىنغا تازا ئەلەم قىلغان ئىدى. شۇڭا ستالىن ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىشنى مەخسەت قىلغان ئىدى.

تۆتىنچىدىن: ئۇيغۇرىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى، چارۋىچىلىق بىلەن ئاشلىقىنى ئالغانچە ئېلىپ، ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان ئىقتىسادىنى قىسمەن بولسىمۇ تولدۇرۇپ، قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يولىنى ئالغان ئىدى. تەبىئىكى، ئۇيغۇرىستان خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، بۇ پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرىستان زېمىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنلىرى — ئەنگلىيە-ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى توقۇنۇشۇپ قالغان ئىدى. بۇلاردىن تاشقىرى، مىللىي مۇستەقىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئەتى تۇراتتى. بۇ خەلقنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا بولغان نەپرىتى ناھايىتى ۋۇقۇرى ئىدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئۇيغۇرىستاندا ۋۇقارقى 3 خىل مەنپەئەتنىڭ گىرەلەشكەن ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ئىدى. مۇشۇ ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ئارزۇسىدىن، خىتاي باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋى كەيپىياتىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى.

يەنى بۇ يەردىكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ كونسۇلخانىلىرىنى گومىنداڭنىڭ ئىرتىجائى تەرىپىگە ئىرغىتىپ تاشلاش، ئۇيغۇرىستان يېرىدە ئامېرىكىنىڭ ھاۋا ئارمىيە بازىسىنى قۇرغۇزماسلىق، راكېتىلارنى ئورناتقۇزماسلىق شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتىدىن قۇتۇلۇش، ئىلى ۋە ئالتاي تاغلىرىدا «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇران، ئالتۇن، بېرىللىتستان ۋە باشقا بايلىقلارنى ئالغانچە ئېلىپ پايدىلىنىپ، تېز ئارىدا ئاتوم قورالىغا ئىگە بولۇش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىۋېلىش ھەم شېڭ شىسەيدىن ئۆچ ئېلىش قاتارلىق مەخسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ئىنقىلاپنى پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قولى بىلەن ئۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى.

مۇشۇ مەخسەتتە، ستالىننىڭ بۇيرۇقىدا مەخسۇس بۆلۈم تەشكىل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا سىياسىي بيۇرو ئەزاسى كوسىگىن بىلەن ن.ك.ۋ.د.نىڭ باشلىقى بېرىيەلەر مەسئۇل قىلىندى. شۇلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇيغۇرىستاندا مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى، ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوۋقا تاپشۇرۇلدى. قازاقىستان بىلەن قىرغىزىستان كومپارتىيەلىرى بۇ ئىشقا ھەمكارلىشىشقا جەلپ قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشى باشلىنىپ كەتتى: تەييارلىق خىزمىتى تۆۋەندىكى يۆنىلىشلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلدى:

ۋەتەندىن ئارتۇق تەخت يوق،
مۇستەقىللىكتىن ئارتۇق بەخت يوق

# ئۇيغۇرىستان

1994
ماي
5 (17)
سان

«تېچلىق سىياسىتىمىز مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ھالاكىتىگە ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ئۈچۈن بىز تېچلىق يولى بىلەن خەلقىمىزنى مۇستەملىكە ئەھۋالىدىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلدۇق.» بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلابىمىزغا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، خەلقىمىزنى خېيىم خەتەرسىز يول بىلەن پارلاق ئىستىقبالغا ئېلىپ بارالايدىغان بولسۇن.

— ئەخمەتجان قاسىمى.

ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگىنى. (ئايدا بىر چىقىدىغان سىياسىي گېزىت)


## مەقسىتىمىز - مۇستەقىللىق، يولىمىز - سىياسىي كۈرەش.

ئالمۇتىدا چىقىدىغان «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ئۆتكەن يىلىقى 131-سانىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتەننى قۇتقۇلدۇرۇش پىدائىيلىرى فرونتىنى قۇرۇش توغرىسىدا قارار» ى ئېلان قىلىندى. قارارىدا مۇنداق دېيىلگەن:

-«شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەرگىزمۇ تېچ يول بىلەن ھەل بولمايدۇ. خىتاينىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىچكى پارچىلىنىشىنى كۈتۈش تېخىمۇ خاتا. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى پەقەت ئۆزىمىز ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىپ، پىدائىكارلىق قىلىشىمىز بىلەنلا ھەل بولىدۇ.» - موشۇ قارارغا قوشۇمچە ۋەتەن قۇتقۇلدۇرۇش يولىدا پىدائىي بولۇپ يېزىلغان 29 كىشىنىڭ تىزىملىكىمۇ ئېلان قىلىنغان.

ئىستانبۇل شەھرىدە، چىقىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتى بولسا، ئۆتكەن يىلىقى 3-سانىدا مەزكۇر قارارنى ئۆز سەھىپىسىدە ئېلان قىلدى. قارارغا تۈزۈمچە قىلىپ بەرگەن تەھرىر ئىلاۋىسىدا: -«ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ مەزكۇر قارارنى چىقىرىشى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەڭ دائىرىدە سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىشى- ناھايىتى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز «شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى» گېزىتى ئىدارىسى، ھەيئىتىدىكى بارلىق ياشلار ۋە تۈركىيەدىكى ۋەتەنپەرۋەر ياشلار ئۇ قارارنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قوللايمىز. ئانا ۋەتەننى قۇتقۇزۇش پىدائىيلىرى فرونتىغا كىرىشكە ھەر زامان تەييار!»- دېيىلگەن.

مەزكۇر ماتېرىياللار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك گېزىتخانلار ئارىسىدا ھەرخىل ئىنكاسلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزىلەر ھېچبىر ئويلانمايلا بۇ تەشەببۇسنى قوللىدى، بەزىلەر ئەپسۇسلانغانلىقلىرىدا ئېتىراز بىلدۈردى. قىسقىسى، بۇ چاقىرىقلار كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئەنە شۇنداق قايمۇقۇشقا ئۇچرىغان بەزى بىر ئەزالىرىمىز تەھرىراتىمىزغا خەت يېزىپ، «ئۇ. ئا. ت»نىڭ مەزكۇر قارارغا مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىمىزنى ئىلتىماس قىلىشقان ئىدى. بىز بۇ ئىلتىماسقا گېزىتىمىز ئارقىلىق جاۋاپ بېرىشنى ماقۇل كۆردۇق.

تەھرىرات.

بۇ ئەسلىدە 1992-يىلى دېكابىردا ئىستانبۇل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياۋىي ئۇچرىشىشىدا ھەل قىلىنىپ بولغان مەسىلە ئىدى. يىغىن ئېچىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن بولغان ئۆمەك باشلىقلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىدا، «ئۇ. ئا. ت»ۋەكىللىرىنىڭ قەتئىي تەلەپ قىلىشى نەتىجىسىدە، ئىستانبۇل يىغىنى مىللىي مۇستەقىللىكنى نىشان قىلغان توغرا يۆنىلىشتە ئۆتۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

سىياسىي كومىسسىيەنىڭ خۇلاسە ھۆججىتىدە:

- «شەرقىي تۈركىستان داۋاسى - شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىنى نىشان قىلىدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا تونۇشتۇرىدىغان كۈچلۈك ئەخبارات تورىنى (گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيە ۋە باشقىلار) تەشكىللەش، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى كىچىك ئەۋلادلارنىڭ داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا دىنىي ۋە مىللىي روھتا تەلىم - تەربىيە بېرىش... بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى ئىنسان ھوقۇقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلارغا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش»- دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىدى.

يىغىن قاتناشقۇچىلىرى يەكدىللىك بىلەن ماقۇللىغان موشۇ ھۆججەتتە تېچلىق كۈرەش ئۇسۇلى مۇئەييەنلەشكەن ئىدى.

ناتىقلارنىڭ ئىستانبۇل يىغىنى مۇنبىرىدە تۇرۇپ، ئەنە تەنە بىلەن دۇنياغا ئېلان قىلغان نۇتۇقلىرىدىمۇ:

- «بىز خىتاي خەلقى بىلەن قوراللىق كۈرەش قىلىش نىيىتىدە ئەمەسمىز. بەلكى تېچلىق يول بىلەن ئۆز ھەققىمىز بولغان ئىستىقلال داۋامىزنى قىلماقچىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ داۋامىزنى دۇنيانىڭ ئىنسان ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغان تەشكىلاتلىرىغا، دۇنيا ئىسلام دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، شۇلار ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىكىنى تونۇشقا مەجبۇر قىلىمىز!»-دەپ ئېنىق ئېيتىلغان ئىدى.

سىياسىي كومىسسىيەنىڭ موشۇ ھۆججىتىنى تۈزۈشكە قاتناشقان، ئۇنى قوللاپ ئاۋاز بەرگەن؛ يۇقارقى نۇتۇقنى ماقۇللاپ چاۋاك چالغان بەزى كىشىلەر ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتمەيلا، مەۋقەسىدىن يېنىۋېلىپ:

-«شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ھەرگىزمۇ تېچ يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىپ، پىدائىكارلىق قىلىشىمىز بىلەنلا ھەل بولىدۇ»- دېيىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» تەشكىلاتى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، دۇنياغا ئېلان قىلغان خىتاپنامىسىدە:

-«شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى بارلىق خەلقارا قانۇنلارغا ۋە ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدۇ. تېچلىق يولى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ھەرقانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ»- دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئەنە شۇنداق سىياسىي خىتاپنامە بىلەن مەيدانغا چىققان «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى» تەشكىلاتى ئارىدىن 4 ئاي ئۆتمەيلا، ئۆز مەۋقەسىدىن يېنىۋېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىي مىللىي بىرلىك سېپىنىڭ قوراللىق كۈرەشكە دەۋەت قىلغان قارارىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغان» لىقىنى بىلدۈرۈشى كىشىلەرنى تېخىمۇ ھەجەپلەندۈرىدۇ!

سەئۇدىيە ئەرەبىستانىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلئەزىز جانابى ئالىلىرىغا ۋە دىندىشىمىز ئەرەپ خەلقىگە، بېشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ھىجرەت كۈنلىرىدە، بىزلەرنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالغانلىقى، خەيرى ئاھلىق قىلىپ، پاناھ بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار نامىدىن سەمىمىي تەشەككۈر ئېيتىمىز.

مۇشۇ تەشەككۈرىمىزنى تۆۋەندىكى مۇخەممەس بىلەن بايان قىلدۇق.

مۇخەممەسنى مۇھاجىر ھۆسەيىن قارى ئىسلامىي نەزمە ئەيلىدى:



## ھىجرەت كۈنى

مىڭ توققۇز يۈز قىرىق توققۇز تارىخ بىزگە ھىجرەت كۈنى،
يۇرتىمىزغا شۇم ئاياقلىق كوممۇنىستلار كەلگەن كۈنى،
سەپەر چېكىپ پاكىستانۇ-ھىندىستانغا يۈرگەن كۈنى،
ئۇنىڭ چاقىرىم يوللار بېسىپ، ماغدىرىمىزدىن كەتكەن كۈنى،
كاراچىنىڭ كوچىسىدا، مۇساپىر بوپ ياتقان كۈنى.

XXX

يەنە ماكدۇق مەككە ھەرەم-بەيتۇللانى نىشان قىلىپ،
مۇقەددەس دىن ئىسلام ئۈچۈن جانىمىزنى پىدا قىلىپ،
يول ئۈستىدە، قازا بولدى، ھەمسەپەرلەر قازا يېتىپ،
خۇدا يىمغا شۈكرى قىلدۇق، ئەرەبىستان يېرىگە كېلىپ،
بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ، مۇرادىغا يەتكەن كۈنى.

XXX

ئەرەبىستان سۇلتانىدىن پاناھ تىلەپ ئىلتىجا قىلدۇق،
ھالىمىزغا رەھىم ئەيلەپ، پاناھ بەردى-رىزا بولدۇق،
ئىسلام ئەھلى قانۇنىغا بويسۇنۇشنى راۋا بىلدۇق،
خۇدا يىمغا شۈكرى ئەيلەپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلدۇق،
ئەرەبىستان تۇپرىقىدا ماكان تۇتۇپ قالغان كۈنى.

XXX

ھالال ئەمگەك يولى بىلەن تىرىكچىلىك نەسىپ ئەتتۇق،
تۈرلۈك-تۈرلۈك ھۈنەر بىلەن تىجارەتنى كەسىپ ئەتتۇق،
مۇشەققەتتىن قاچمىدۇق بىز، ھەممە ئىشتا سوبات ئەتتۇق،
«قىرىق ئالتە» ئىسسىق كۈنمۇ بىزلەر ئۈچۈن راھەت دېدۇق،
رەھمەتۇللا ئىلتىپاتى ئۈستىمىزگە ياققان كۈنى.

XXX

چىن خىتايلار ئۇيغۇرىستان ئېلىمىزنى پايمال قىلدى،
جامى مەسجىد، مەكتەپلەرنى خاراب-گۆرىستان قىلدى،
قۇرئان، ھەدىس كىتابلارنى ئوتقا سېلىپ كۆلخان قىلدى،
ئاتا-ئانا، قېرىنداشنى بىر-بىرىگە يامان قىلدى،
يۇرتىمىزغا قايغۇ-ئەلەم، ئېغىر كۈنلەر كەلگەن كۈنى.

XXX

ۋادەرىغا، خەلقىمىزگە ھەددىن زىياد ئۇۋال بولدى،
ئەركىن ئۈچۈن كۈرەش قىلماق مەخسىتىمىز كامال بولدى،
دىندىشىمىز-سەئۇدىيەلەر دەردىمىزگە دەرمان بولدى،
ئالى سەئۇد مەرھەمەتى ئۈستىمىزگە ياققان كۈنى.

XXX

ۋەتەندىشلار، ئۇزۇن يىللار ئۆتتۈپ كەتتۇق بۇ غەپلەتتە،
ئەركىن ئۈچۈن جاھات قىلماي يېتىپتۇق بۇ ئاسارەتتە،
كەڭ دۇنيانى كۆرۈپ بىزمۇ، كەلدۇق ئەندى جاسارەتكە،
ئەگەر پۇرسەتنى كەتكۈزسەك، قالۇرمىز سۈرگۈنى ھەسرەتتە،
خۇداغا يۈز لىنىپ ئەمدى، جاھادقا ئاتلانغان كۈنى.

XXX

قىرىق تۆرت يىل ئۆتتۈپ كەتتى، مۇساپىرلىقتا، ھىجرەتتە،
ۋەتەنداشلار زۇلۇم ئىچرە، بىز بۇ يەردە ھەسرەتتە،
خۇدايىم ئۆزى لۇتف ئەيلەپ يېتۈرسە بىزنى نۇسرەتكە،
ئىستىقلال ئېلىپ بىزمۇ يېتەرمىز ئالى مەخسەتكە،
قېرىنداشلار بولۇپ جۈغ-جەم ئازاتلىق تويلىغان كۈنى!

## خەلقارا خەۋەرلەر

1994-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى «ئازات» رادىيوسى قازاق بۆلۈمى ئۆز مۇخبىرى مۇقابايىنىڭ خىتاي پرېمىير مىنىستىرى لى پېڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپىرى توغرىلىق خەۋىرىنى ئاڭلاتتى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلدۇ:

-«خىتاينىڭ پرېمىير مىنىستىرى لى پېڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيەگە سەپىرىنى باشلىدى.

قازاقىستاننىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىسىنىڭ ئېيتىشىچە: لى پېڭ بۇ ئەللەرگە سىياسىي مەخسەتنى كۆزلەپ بارىدۇ. ھازىر قازاقىستاندا ياشاۋاتقان خېلە كۆپ ئۇيغۇرىستانلىقلار بار. ئۆز يېرىدە، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغانلىقتىن، قېرىندىشى قازاق خەلقىنىڭ يېرىگە چىقىپ پاناھ تېپىپ ئارام ئالغان ئېدى. ئۇلار كېيىنكى يىللاردا، ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىگى ئۈچۈن كۈرەش باشلىغان ئېدى. لى پېڭ مۇشۇ قېتىمقى سەپىرىدە، «دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش» نىقابى ئاستىدا، ئەشۇ تەشكىلاتلارنى يېپتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى توختىتقۇزماقچى. ئۇ «قازاقىستاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، ئۇيغۇرىستاننى خىتايدىن بۆلۈپ ئالماقچى بولىۋاتقان تەشكىلاتلار چېگرىدىن قورال كىرگۈزىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۇيدان چېگىپ ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىتە چىقارماقچى بولىۋاتىدۇ!»-دېگەن ئەيىپنى قويۇپ، ئۆز پىكرىنى دەلىللىمەكچى بولىۋاتىدۇ.»

مۇخبىر مۇقاباي خەۋىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدى: قازاقىستاننى قاپلاپ كېتىپ بارغان خىتايلار، 200 دىن ئوشۇق ھەرخىل شىركەتلەرنى قۇرغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ 10-15 يىدىن باشقىسى سودىگەرچىلىك قىلىپ يانچۇغىنى توشقۇزىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ شىركەتلەرنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىۋاتىدۇ. خىتايلار قۇرغان شىركەتلەر كېلىشىمدە، ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنلىماي ۋاتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، مۇشۇ سودىگەرلەر، شەندىقلا قازاقىستانغا بۇندىن كېيىن كېلىدىغان خىتايلار ئارقىلىق ئۇيغۇرىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە توشىغاندەك، قازاقىستاننىڭ بايلىقىنىمۇ ئۆز قولىغا چۈشۈرۈۋېلىشنى كۆزلەۋاتىدۇ.

قازاقىستان سودا مىنىسترىنىڭ ئېيتىشىچە، «خىتايلار ئۆزلىرى كىرگۈزىۋاتقان تاۋارلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشنىڭ ئورنىغا، يەنە ئەلگەركىدەك سۈپىتى ناچار تاۋارلارنى كىرگۈزۈپ، قازاقىستان خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ناچارلاتماقتا.»

XXX

«ئازات» رادىيوسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە: موڭغۇلىيە، خىتاي ۋە تۈركىيە 3 تەرەپ بىرلىشىپ، چىڭگىزخان ھەققىدە 86 سېرىيەلىك كىنو-ئېپوپېيە ئىشلەپ چىقماقچى. بۇنىڭدىن مەخسەت: «چىڭگىزخاننىڭ تارىخىي خىزمەتلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا سەلبىي قاراپ كەلگەن ئاممىنى ئىجابىي قارايدىغان قىلىش» -ئېكەن. كىنو ئاساسەن موڭغۇلىيە بىلەن قازاقىستان تېرىتورىيەسىدە ئىشلەنمەكچى. تۈنۈگۈنى ئىشلىنىدىغان دۇنيانىڭ ئاتاقلىق رېژىسسورلىرى تەكلىپ قىلىنماقچى.

تۈركىيە تەرىپىنىڭ كىملى ئىسلام قابىش ئوغلىنىڭ ئېيتىشىچە، كىنوغا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئېلىنغاننىڭ سىرتىدا، قەدىمىي ئورخۇن بويىدىكى تۈركلەر (ئۇيغۇرلار) نىڭ ھاياتى ۋە تاش پۈتۈكلىرىمۇ ئېلىنىدۇ. كىنو فىلمنى ئىشلەشتە كېتىدىغان چىقىمنىڭ 45% ىنى تۈركىيە ئۈستىگە ئالغان. فىلىم ئىشلىنىپ چىققاندا ئالدى بىلەن موڭغۇلىيە ھەم قازاقىستاندا نامايىش قىلىنماقچى.

www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com